III

(ئەگەر) بۇ | ناخشىنى ئۆگەنگەن<br>ھېكايىنى ئاڭلىغان<br>ژورنالنى كۆرگەن | بولساڭلار، باشقىسىنى | ئۆگىنەيلى.<br>ئاڭلايلى.<br>كۆرەيلى.

(ئەگەر) ئۇ | تاماق يەۋاتقان<br>دوكلات تەييارلىۋاتقان | بولسا، چاقىرماڭ.

IV

تونۇگۇن يامغۇر ياغمىسا \ ياغمىغان بولسا، دالا سەيلىسىگە چىقاتتۇق/چىققان بولاتتۇق.
دەرسىمىز بولمىسا، ئەتىكى ئىلمىي لېكسىيىنى بىزمۇ ئاڭلايتتۇق/ئاڭلىغان بولاتتۇق.
ئەتە بولساڭلار، كۆرۈشەلمەيتتۇق \ كۆرۈشەلمىگەن بولاتتۇق.

V

بۇ ئىمارەتلەر پۈتۈپ قالدى.
بۇ دەرسمۇ تۈگەپ قالدى.
قىش تۈگەپ باھار كېلىپ قالدى.



VI

سەن ئۆزەڭنىڭ قەلىمىڭدە \ قەلىمىدە ياز.
سىز ئۆزىڭىزنىڭ قەلىمىڭىزدە \ قەلىمىدە ياز.
ئۇ ئۆزىنىڭ قەلىمىدە يازسۇن.
مەن ئۆز قەلىمىمدە يازاي.
سەن ئۆز قەلىمىڭدە ياز.
سىز ئۆز قەلىمىڭىزدە يېزىڭ.
ئۇ ئۆز قەلىمىدە يازسۇن.
بىز ئۆزىمىزنىڭ ئورنىمىزدا \ ئورنىدا ئولتۇرايلى.
سىلە ئۆزەڭلارنىڭ ئورنىڭلاردا \ ئورنىدا ئولتۇرۇڭلار.
ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرسۇن.

# يىگىرمە ئالتىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| (ئەگەر) | مەن<br>سەن<br>سىز<br>ئۇ | دەرسنى تېز | سۆزلىسەم<br>سۆزلىسەڭ<br>سۆزلىسىڭىز<br>سۆزلىسە | ئوقۇغۇچىلار چۈشىنەلمەيدۇ. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| (ئەگەر) | بىز<br>سىلەر<br>ئۇلار | ھېيتكار جامەگە | بارساق<br>بارساڭلار<br>بارسا | ھەممىز بىرلىكتە رەسىمگە چۈشەيلى. |

ئا: ئەمەتنى يوقلىغىلى قاچان بارىمىز؟

| | | |
|---|---|---|
| ئە: (ئەگەر) | توپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزمىسەك<br>مەجلىس ئاچمىساق | چۈشتىن كېيىن بارىمىز. |



II

ئا: بۇ روماننى ئالامسىز؟

| | | |
|---|---|---|
| ئە: (ئەگەر) | ياخشى<br>ئەرزان<br>قىزىق | بولسا، ئالاي. |

ئا: چۈشتىن كېيىن نېمە قىلىسلەر؟

| | | |
|---|---|---|
| ئە: (ئەگەر) | ئىش<br>كىنو | بولمىسا، نومۇر تەييارلايمىز. |

②بۇ مەسىلە مېنىڭ كاللامدا بۇرۇنلا ئايدىڭلىشىپ بولغان.

③مەن ئەمدى ئائىلىمىزنىڭ بەخت گۈلىنىڭ ئەبەدىلئەبەد توزۇپ كېتىشىگە چىداپ تۇرالمايمەن.

④«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئۇيغۇر خەلقىگە زور يوقۇتۇشلارنى ۋە زىيانلارنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇيغۇرلانى ئەبگارلاشتۇرۇۋەتكەن.

⑤ئۇ ئىجاتتىن ئارتۇقچە ئاغرىنىپ يۈرگەنلىكىگىمۇ قاتتىق خىجىل بولدى. شۇ ئاخشىمى ئىجات بىلەن كۆرۈشۈشكە بارالمىغانلىقىغا قاتتىق ئەپسۇسلاندى.

⑥مەكتەپقۇ ناھايىتى ياخشى ئىكەندۇق. ئەپسۇسلىنارلىقى، مەن پەقەت بىر يىللا ئوقۇغان.

⑦ئۆز ۋاقتىدا قاسىمنىڭ قىلغان – ئەتكەنلىرى ماڭا تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك تۇيۇلغان.

⑧ھامۇت ئىدارىنىڭ ئامبارچىسى بولغان ۋاقتىدا خىيانەتتىن قول ئۈزمىگەنلىكى ئۈچۈن قانۇن ئالدىدا ئەدىبىنى يېگەن.

⑨ۋەلىچىلىك ئىنگلىزچە سەۋىيەم بولغان بولسا، ماگىستىرلىققا ئىمتىھان بەرگەن بولاتتىم.

⑩كوئىنلۇن تىزمىلىرىدىكى يېشىل قارىغايلار ۋە زەرەپشان قىرغاقلىرى قارىيىپ كۆرۈنەتتى. 204

⑪ئۇنىڭ دورىگەرلىككە ئائىت ئۈچ پارچە ماقالىسى چەتئەلدىكى نوپۇزلۇق ژورناللاردا ئېلان قىلىنغان.

⑫دادامغا كەلگەن بۇ بەختسىزلىكلەرگە تەن بەرمەكچى بولدۇم.

⑬نۇر بوۋاي ئۆتمۈشتە دەرد – ئەلەم چەككە، زۇلۇمنىڭ تاغلىرى قەددىنى ئەگكەن.

3- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Onun kadar maddi durumu
m iyi olsaydı, çoktan ticarete atalacaktım.
2) Daha önce trene binmemiştim, çok heyecanlandım.
3)Ali eve zamanında dönmemişti, babası ona kızdı.
4)Bir saat kadar önce sizi anneniz aramıştı.
5)Üniversitede öğrenciyken ödevlerimi düzenli olarak yapardım.
6)Dedem sigare içmezdi.
7)Uyumayacaktım ama çok yorgundum.
8)Sebze almayacatım fakat sebzeler çok taze idi.
9)Hani bekleyecektiniz, hemen gelmişsiniz.
10)Bu ekonomik krizi sıkı önlemler alarak aşabilirsiniz.